## نۇرجان ئورىنتاي:

# ئېگىز تاغدىكى چارۋا يولىنى چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاممىغا ياردەم بېرىش

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر**

□ مۇخبىرىمىز جاڭ شياۋيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز شۇ تۇڭتۇڭ

چەت ـ ياقا، قاتتىق سوغۇق بولىدىغان غەربىي تەيانشان تېغىنىڭ ئىچكىرىسى ئۇ كۈرەش قىلىدىغان ئالدىنقى سەپ بازا. ئۇ قار كېچىپ يول ئېچىپ، چارۋىچىلارنىڭ يايلاق كۆچۈشىنى قوغدىدى؛ ليەندۇيدىكى نامرات خىزمەتچىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى؛ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىنى تاماملىشىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى... مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 4 ـ شىسى 78 ـ تۇەنى 5 ـ ليەننىڭ خىزمەتچىسى نۇرجان ئورىنتاي قەتئىي ھالدا مۇنداق دېدى: «مەن بىر كومپارتىيە ئەزاسى، مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تېخىمۇ كۆپ كىشىگە ياردەم بېرىمەن».

### مۇز داۋاندىكى يول بەلگىسى

يايلاق كۆچۈش پەسلىدە، ئېگىز تاغ ۋە تىك چوققىدىكى ئاغاشقۇللا «تەمىنات پونكىتى»دا ھەمىشە بىر چىراغ يېنىقلىق بولۇپ، قازاق چارۋىچىلارنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد يايلاق كۆچۈشتە مېڭىپ كەلگەن ئېگىز تاغ چارۋا يولىنى چىڭ ساقلاپ كەلمەكتە. بۇ يىل 46 ياشقا كىرگەن نۇرجان ئورىنتاي يىل بويى تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ليەندۇينىڭ بۇ نۇقتىسىنى ساقلاپ كەلدى.

كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر يايلاق كۆچۈش قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي يول باشلاپ، يول بەلگىسى تىكلەپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن چارۋىچىلارغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

نۇرجان ئورىنتاي 20 يېشىدا دادىسىنىڭ قامچىسىنى قولىغا ئالغاندىن بۇيان ياۋايى ھايۋان، شۇۋرغان، كەلكۈن قاتارلىق نۇرغۇن خەتەرلىك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن چېكىنمەي، باشتىن ـ ئاخىر ئېتىقادىنى چىڭىتىپ، چارۋىچىلار ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇلازىمەت قىلدى.

2012 ـ يىلى قىشتىكى بىر يېرىم كېچىدە ئىككى چارۋىچى مىنگەن ئات قار ئازگىلىغا پېتىپ قالدى. ھاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېرىم كېچىدە بۆرە توپى پەيدا بولىدىغان بولغاچقا، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى، «مەن ئۆزۈم قېلىپ ئاتقا قاراشنى، چارۋىچىلار مېنىڭ ئېتىمغا مىنىپ ياردەم تەلەپ قىلىشنى قارار قىلدىم» دېدى نۇرجان ئورىنتاي ئەسلەپ. ئۇ ئاتقا جۇۋىسىنى يېپىپ قويدى، ئۆزى توڭلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، توختىماي ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر قۇتقۇزغۇچىلارنى كۈتۈۋالدى.

26 يىلدىن بۇيان، نۇرجان ئورىنتاي تاغنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرۇپ، 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يولنى پىيادە باستى، نۇرغۇن قېتىم يايلاق كۆچۈش يولىدا قاپسىلىپ قالغان چارۋىچىلارنى قۇتقۇزۇپ چىقتى، ئۇ قۇتقۇزۇۋالغان چارۋا 5000 تۇياقتىن ئاشتى. چارۋىچىلارنىڭ قەلبىدە نۇرجان ئورىنتاي يولدىن ئېزىپ قالغان چارۋىچىلارغا يول كۆرسىتىدىغان «نۇرلۇق چىراغ» ئىدى.

### قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى كۆڭۈلگە پۈكۈش

«يېقىندىن بۇيان ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ ياردەم كېرەكمۇ؟» 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، نۇرجان ئورىنتاي چارۋىچى ئەركەن ئەۋەرخاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كۆپ يىلدىن بۇيان ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان قوشنىسىنى يوقلىدى.

«نۇرجان ئورىنتاي ئاكام پارتىيە ئەزالىرىنى باشلاپ كېلىپ بىزگە ئۆي سېلىپ بەردى، ھازىر بىز يېڭى ئۆيدە ئولتۇرغىنىمىزدىن ناھايىتى خۇشال.» ئەركەننىڭ خوتۇنى مۇنداق دېدى: «ئۇ ناھايىتى ياخشى ئادەم!»

ئىلگىرى ئەركەن ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بار ئىدى، بىر ئائىلىدىكى تۆت جان بىر كىچىك ئۆيدە قىستىلىشىپ تۇراتتى. نۇرجان ئورىنتاي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، 2016 ـ يىلىنىڭ بىر كۈنى، ليەندىكى بىرقانچە پارتىيە ئەزاسىنى باشلاپ ئەركەننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى ئۆي سېلىپ بەردى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، نۇرجان ئورىنتاي ئەركەن ئائىلىسىگە ئىزچىل شەخسىيەتسىز ياردەم قىلدى، يەنە كالا، قوي باقمىچىلىقى تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

نۇرجان ئورىنتاي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشچان كىشىلەر بولۇپ، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايىنىپ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى، شۇڭا ئۇ دائىم قىيىنچىلىقى بار تېخىمۇ كۆپ ئاممىغا ياردەم قىلىشنى ئويلىدى. مەيلى ليەندۇيدىكى خىزمەتچىلەر بولسۇن ياكى يېقىن ئەتراپتىكى كەنتتىكى چارۋىچىلار ۋە ئورمانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچىلار بولسۇن، كىمنىڭ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولسا، ئۇ بىلگەندىن كېيىن بارلىق ئامال ـ چارىلەر بىلەن ياردەم قىلدى.

ھازىر نۇرجان ئورىنتاي باشلامچىلىق بىلەن باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، ئۆزگىچە باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ چارۋىچىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا يېتەكلەشنى ئۈمىد قىلدى.

### نامرات ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىش

نۇرجان ئورىنتاي ئىزچىل نامرات ئوقۇغۇچىلارغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى ناھايىتى ئاددىي، يەنى نامرات ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقىنىنى كۆرۈش.

2014 ـ يىلى، نۇرجان ئورىنتاي تۇەن ـ مەيدان ئوتتۇرا مەكتىپىگە كېلىپ، ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئون ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم قىلدى.

بۇ يىل 13 ياشقا كىرگەن باقتنۇر جۇماخۇن مۇنداق دېدى: «نۇرجان ئورىنتاي تاغام پۇل ئىئانە قىلغاندىن سىرت يەنە ماڭا سومكا، ئوقۇش قوراللىرى سوۋغا قىلىپ، مېنى تىرىشىپ ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ خۇددى دادامغا ئوخشاش مېھرىبان بولۇپ، ماڭا چوقۇم ياخشى ئوقۇش، كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى».

ۋاڭ جېنجياڭ گەنسۇدىن كەلگەن بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقاندا ئائىلىسىدىكىلەر شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ چاغدا دادىسى يەر تېرىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايتتى، ئانىسى كېسەل بولۇپ ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بار ئىدى. لېكىن ۋاڭ جېنجياڭنىڭ نەتىجىسى ئەلا ئىدى، شۇڭا نۇرجان ئورىنتاي دائىم ۋاڭ جېنجياڭنى يوقلاپ تۇردى ھەم ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئىقتىسادىي ياردەم بەردى، ھازىر ۋاڭ جېنجياڭ يارامىلىق يىگىت بولۇپ قالدى.

# پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ دوكلات بېرىش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدا «نېمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە نېمىنى مۇستەھكەملەش، نېمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە نېمىنى راۋاجلاندۇرۇش»تىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور سىياسىي مەسىلىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلگەن بولۇپ، ماركسىزملىق پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت، شۇنداقلا ماركسىزملىق سىياسىي خىتابنامە. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئومۇمىي يىغىندا قىلغان مۇھىم سۆزى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىلمىي كۆرسەتمە ۋە ئاساسىي مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ئومۇمىي يىغىن قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم نەتىجىلەر، چاقىرغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلار پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىش، ئۇلۇغ كۈرەش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش، ئۇلۇغ ئىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى بىرتۇتاش ئىلگىرىلەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىپ روناق تېپىشى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى، خەلقنىڭ بەختى، خاتىرجەملىكىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلە. بۇ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە، يېڭى دەۋردە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ تەلىپى، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كۈچلۈك كاپالىتى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئارقىلىق بۇ مۇھىم، زور مەسىلىنى تەتقىق قىلىش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىشنى قارار قىلىشى سىياسىي جەھەتتە، پۈتۈن ۋەزىيەت جەھەتتە، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئويلىشىپ، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپ، يىراقنى كۆزلەپ چىقارغان مۇھىم، زور تەدبىر بولۇپ، مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر، ئۇزاق ئەھمىيەتكە ئىگە.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: «قارار»دا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى چوڭقۇر شەرھلىنىش ئاساسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكى 13 جەھەتتىن سىستېمىلىق خۇلاسىلەندى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى جۇڭگونىڭ جەمئىيەت تۇپرىقىدا پەيدا بولۇپ يېتىلگەن، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، ماركسىزم ئاساسىي قائىدىسىنىڭ جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، چوڭقۇر تارىخ لوگىكىسى، نەزەرىيە لوگىكىسى، ئەمەلىيەت لوگىكىسىغا ئىگە. سىياسىدا زېرەك ئادەم بولۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر تەرىپى ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشتىن ئىبارەت.

چېن چۈەنگو جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، ئومۇمىي نىشانى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىدا ھەم جەزمەن پۇختا چىڭ تۇرىدىغان مۇھىم، زور تۈزۈم ۋە پرىنسىپلار ئېنىق شەرھلەندى، ھەم تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم، زور ۋەزىپە ۋە تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈمنى ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش بىلەن قاتلاملارغا بۆلۈپ ئۇدۇللاشتۇرۇش بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن تۈزۈمنى يۈرۈشلەشتۈرۈش بىرتۇتاش پىلانلىنىپ، تارىخنى خۇلاسىلەش بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنىڭ بىرلىكى، ئىرادىنى ساقلاش بىلەن ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكى، مەسىلە يۆنىلىشى بىلەن نىشان يۆنىلىشىنىڭ بىرلىكى نامايان قىلىندى، بۇ مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىشىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىقلىشىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈمى ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرىدۇ.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتىش پۈتۈن پارتىيەنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسى. جەزمەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي پىلانلاپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، يىراق بىلەن يېقىننى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قەتئىي تۈردە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، قىلچە تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، تۈزۈمگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

دوكلات بېرىش يىغىنى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەر، ناھىيە(شەھەر، رايون)لەردە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايوندىكى مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار ۋەكىللىرى، ئۈرۈمچىدىكى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچىدىكى ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

# ئىختىساسلىقلار تەدبىرىنى يېڭىلاش ئۇۋا ياساپ سۇمۇرغ جەلپ قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مەكتەپ پەن تەتقىقاتنى باشلاش خىراجىتى ۋە ماكانلىشىش خىراجىتى بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، يەنە ماڭا ياردەم قىلىپ بالىنى يەسلىگە كىرگۈزۈش قىيىن بولۇش ۋە تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى. ئەڭ مۇھىمى خىزمەتكە قاتناشقاندىن باشلاپلا، مەكتەپ بىزگە بىرقەدەر ياخشى پەن تەتقىقات سۇپىسى ھازىرلاپ بەردى. نۆۋەتتە مەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە مەكتەپ دەرىجىلىك ئىككى تېمىنى قانات يايدۇرۇۋاتىمەن، كېلەر يىلى دۆلەت دەرىجىلىك تېمىغا ئىلتىماس قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن» دېدى نۇرنىسا.

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭ تىببىي داشۆسى دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەتكە، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى بۇرچ قىلىپ، مەكتەپنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان «ئۈچەي توسۇلۇش» مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى چۆرىدەپ، مەكتەپ ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش، ئىختىساسلىقلارنى توپلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان يېتەرسىزلىكلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنىڭ قاتلىمى ئۈزۈلۈپ قېلىش، پەن باشلامچىلىرى كەمچىل بولۇش، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈشتە قىيىنچىلىق زور بولۇش قاتارلىق كۆپلىگەن گەۋدىلىك مەسىلىنى رەتلەپ چىقتى.

شىنجاڭ تىببىي داشۆسى پارتكومى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، كۆزىتىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى پارتكومنىڭ «بىرىنچى قول» قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە تۇتۇپ، «شىنجاڭ تىببىي داشۆسىنىڭ يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش ۋە باشقۇرۇش چارىسى» «شىنجاڭ تىببىي داشۆسىنىڭ مەكتەپ سىرتىدىكى ‹قوش تەكلىپلىك پروفېسسور›لارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» قاتارلىق تۈزۈملەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى، ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنۋان ئىسلاھاتى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇش ئاساسىدا يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلار ۋە كەسپتە جىددىي(ئالاھىدە) ئېھتىياجلىق ئىختىساسلىقلارغا مايىللاشتى. نۆۋەتتە 199 نەپەر كەسپىي تېخنىكا خادىمى كەسپىي تېخنىكا 2 ـ دەرىجىلىك ئىش ئورنىغا تەكلىپ قىلىنىپ، يۇقىرى قاتلاملىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە مۇقىملاشتۇرۇلدى.

ئىگىلىنىشچە، ئىلمىي تەرەققىيات نىشانىنى چۆرىدەپ، بۇ يىل شىنجاڭ تىببىي داشۆسى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىش تۈزۈمى، ئىشتات ئىچىدە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىكلەرنى قوبۇل قىلىپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم مائاشى، ماكانلىشىش خىراجىتى، پەن تەتقىقاتنى باشلاش خىراجىتى، تۇرالغۇ، پەرزەنتلەرنى مەكتەپكە كىرگۈزۈش، جورىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە سىياسەت جەھەتتىن قوللىغان. يېرىم يىلدىن بۇيان، مەكتەپ رەھبەرلىرى ئۆمەك باشلاپ ئۈچ قېتىم ئىچكىرى رايونلاردىكى 985، 211 قۇرۇلۇشىغا كىرگەن 20 دىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈپ، ئاقىللارنى كىرگۈزۈپ، نەق مەيداندا 29 ماگىستىر، دوكتور بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، بەش دوكتورنى ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش بويىچە قوبۇل قىلىپ، يىللاردىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەنى ياراتقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرلۈك ئىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىش نىسبىتىنى ئىلمىي بېكىتىپ، ھەر دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ئىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىشتا پەن سۇپىسى، يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپى قۇرۇلۇشى ئېھتىياجىنى ئالدىن قاندۇرۇپ، چەكلىك ئىشتاتلىق، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىش ئورۇنلىرىغا ئوقۇتقۇچىلىق ئىش ئورنى بويىچە تەكلىپ قىلىشنى ئالدىن ئويلاشقان؛ مەكتەپ يەنە پوستدوكتورلار كۆچمە پونكىتىنىڭ ئادەم ئىشلىتىش، ئادەم تاللاش ۋە كۆچمە بولۇش مېخانىزمى ئېففېكتىنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ پوستدوكتورنى ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات خىزمەتلىرىگە قاتناشتۇرغان.

«بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئارقىلىق، مەكتەپ ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان، قابىلىيەتتىن تولۇق پايدىلىنىدىغان ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش كەيپىياتىنى كۈنسېرى قويۇقلاشتۇردى، مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار توپلىنىپ مەكتەپ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان كۈچلۈك موتورغا ئايلانماقتا.» شىنجاڭ تىببىي داشۆسى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى لىن سۇلەن مۇنداق تونۇشتۇردى: كېيىنكى قەدەمدە، مەكتەپ يەنە يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىش ھەققى تەقسىمات مېخانىزمىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، تاكاممۇللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك پەن تەتقىقات سۇپىسىنى پائال قۇرۇپ، يۇقىرى قاتلاملىق ئىختىساسلىقلارنىڭ تالانتىنى نامايان قىلىشى، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 70 ـ قېتىملىق دائىمىي يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىيەت مۇقىملىقى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا، ئېكولوگىيە ـ مۇھىت ئاسراش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردىكى نىزام چىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، مەمۇرىي جازا ئۆلچەش ھوقۇقىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەمۇرىي قېلىپلاشقان ھۆججەتلەرنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى كۈچەيتىپ، مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە يېڭى نەتىجە ـ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرۈپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ قانۇن ـ نىزام، قائىدە ـ تۈزۈم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشنى ئالغا سىلجىتتى. يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ئورۇنلار مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، 2020 ـ يىللىق مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتى پىلانىنى ئىلمىي تۈزۈپ، نىزام چىقىرىش تۈرلىرىنىڭ دەللىكىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك. نىزام چىقىرىش تۈرلىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىر تۈر تۇرغۇزۇلسا شۇ تۈرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خىزمەت ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. نىزام چىقىرىش خىزمىتىدە يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش قوشۇنىنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىختىساسلىقلار ئاساسىنى سېلىشنى تېزلىتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتى بەلگىلىمىسى»نى تۈزۈپ يولغا قويۇپ مەمۇرىي نىزام چىقىرىشقا قارىتا سىستېمىلىق، مۇكەممەل، ئېنىق ۋە ئىجرا قىلىش، مەشغۇلات قىلىشقا قولاي بەلگىلىمە چىقىرىش ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىش، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېڭى دەۋردىكى ھۆكۈمەت مەمۇرىي نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىگە تېخىمۇ ياخشى كۈچ قوشۇشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.